شى جىنپىڭ «بىر بەلباغ، بىر يول» خەلقئارا ھەمكارلىقى يۇقىرى دەرىجىلىكلەر سىن يىغىنىدا يازما سۆز قىلدى

(بېشى 1 - بەتتە)

ھەرقايسى دۆلەتلەر مەۋقەنى ئۆز دۆلەت ئەھۋالىغا قويۇپ، كۈچلۈك ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ، پائال نەتىجە - ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈردى. خېلى كۆپ دۆلەتلەر يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى ياخشى ئىشلەش بىلەن بىللە، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى تىرىشىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈۋاتىدۇ. جۇڭگو خەلقى ھەممىدىن ئەلا بىلىش، ھاياتلىقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىشتە چىڭ تۇرۇپ، تىرىشىپ پۈتۈن يەرشارىنىڭ يۇقۇم ئۈستىدىن ئىمكانقەدەر بالدۇرراق غەلىبە قىلىشى، دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ ئەسلىگە كېلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشنى خالايدۇ.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: يۇقۇم بىزگە بىر قاتار چوڭقۇر تەپەككۇر ئىلھامى ئېلىپ كەلدى. ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ تەقدىرى بىر - بىرىگە زىچ باغلانغان، ئىنسانلار جاپا - مۇشەققەتتە بىللە بولىدىغان تەقدىر ئورتاق گەۋدىسى. مەيلى يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشتا بولسۇن ياكى ئىقتىسادنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتە بولسۇن، ھەممىمىز ئىتتىپاقلىشىش، ھەمكارلىشىش يولىدا مېڭىشىمىز، ھەممىمىز كۆپ تەرەپچىللىكتە چىڭ تۇرۇشىمىز كېرەك. ئۆزئارا ئالاقىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئوچۇق، سىغدۇرۇشچان بولۇشتا چىڭ تۇرۇش يەرشارىۋى خىرىسقا تاقابىل تۇرۇش ۋە يېراق كەلگۈسى تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ مۇقەررەر يولى، «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇش خەلقئارا ھەمكارلىقى مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇرالايدۇ.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: جۇڭگو باشتىن - ئاخىر تىنچ تەرەققىي قىلىشتا چىڭ تۇرىدۇ، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈپ ئورتاق پايدا ئېلىشتا چىڭ تۇرىدۇ. بىز ھەمكارلىق ھەمراھلىرىمىز بىلەن بىللە، «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئىتتىپاقلىشىپ خىرىسقا تاقابىل تۇرۇشتىكى ھەمكارلىق يولى، خەلقنىڭ ساغلاملىقى - بىخەتەرلىكىنى قوغداشتىكى ساغلاملىق يولى، ئىقتىساد، جەمئىيەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى جانلىنىش يولى، تەرەققىيات يوشۇرۇن كۈچىنى قويۇپ بېرىشتىكى ئېشىش يولى قىلىپ قۇرۇپ چىقىشنى خالايمىز. يۇقىرى سۈپەتتە «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇش ئارقىلىق، قول تۇتۇشۇپ ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولىمىز.

بۇ قېتىمقى يىغىننى جۇڭگو دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقى، تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتى، سودا مىنىستىرلىقى، سەھىيە - ساغلاملىق كومىتېتى بىرلىكتە ئۆتكۈزدى، باش تېمىسى ««بىر بەلباغ، بىر يول› خەلقئارا ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، قول تۇتۇشۇپ يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرايلى» بولۇپ، 25 دۆلەتنىڭ دىپلوماتىيە مىنىستىرى ياكى مىنىستىر دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرى ھەم دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتىنىڭ باش ئىش بېجىرگۈچىسى تەن دېسەي، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى، قوشۇمچە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى تەرەققىيات - پىلان مەھكىمىسىنىڭ مەھكىمە باشلىقى ستېيىنېر يىغىنغا قاتناشتى، يىغىندا قوشما بايانات ئېلان قىلىندى.

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى تاشقى ئىشلار كومىتېتى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش تاشقى ئىشلار كومىتېتى، دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقى بايانات ئېلان قىلىپ

ئامېرىكىنىڭ ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى»نى ئىمزالاپ قانۇنغا ئايلاندۇرۇۋالغانلىقىنى كۈچلۈك ئەيىبلىدى ۋە ئۇنىڭغا قەتئىي قارشى تۇردى

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى تاشقى ئىشلار كومىتېتى

(بېشى 1 - بەتتە)

ئاتالمىش «2020 - يىل ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق سىياسىتى قانۇن لايىھەسى»نى ئىمزالاپ قانۇنغا ئايلاندۇرۇۋالدى. بۇ قىلمىش جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا قوپاللىق بىلەن ئارىلاشقانلىق، خەلقئارا قانۇن ۋە خەلقئارا مۇناسىۋەت ئاساسىي مىزانىغا ئېغىر خىلاپلىق قىلغانلىق. جۇڭگو مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى بۇنى كۈچلۈك ئەيىبلەيدۇ، ۋە ئۇنىڭغا قەتئىي قارشى تۇرىدۇ.

كىشىلىك ھوقۇققا ھۆرمەت قىلىش ۋە كاپالەتلىك قىلىش جۇڭگو ئاساسىي قانۇنىنىڭ مۇھىم پرىنسىپى، شۇنداقلا جۇڭگونىڭ ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتىكى مۇھىم نىشانى. 1990 - يىلدىن 2016 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، شىنجاڭدا نەچچە مىڭ قېتىم تېررورلۇق ھۇجۇمى ۋەقەسى يۈز بېرىپ، كۆپلىگەن بىگۇناھ كىشىنىڭ ئۆلۈش - يارىلىنىشى ۋە مال - مۈلۈكنىڭ زىيانغا ئۇچرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. جۇڭگو تەرەپ كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە مەركىزى تەسىس قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىرىيۈرۈش تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش تەدبىرلىرىنى قوللاندى، بۇ، جۇڭگونىڭ قانۇنغا ئۇيغۇن، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇشتىكى ئورتاق ئارزۇسىغا ئۇيغۇن. شىنجاڭدا ئۇدا ئۈچ يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت تېررورلۇق ھۇجۇمى ۋەقەسى يۈز بەرمەي، شىنجاڭدىكى 25 مىليون ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ھاياتلىق ھوقۇقىغا ئەڭ زور چەكتە كاپالەتلىك قىلىندى، بۇ، كىشىلىك ھوقۇققا ھۆرمەت قىلىشنىڭ ئەڭ ياخشى نامايەندىسى بولۇپ، جۇڭگو خەلقىنىڭ چىن قەلبىدىن ھىمايە قىلىشى ۋە خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ كەڭ قوللىشىغا ئېرىشتى.

شىنجاڭغا ئالاقىدار مەسىلە ھەرگىزمۇ قانداقتۇر كىشىلىك ھوقۇق، مىللەت، دىن مەسىلىسى بولماستىن، بەلكى زوراۋانلىق، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش مەسىلىسى. ئامېرىكىمۇ تېررورىزمنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغۇچى، شۇڭا جۇڭگو تەرەپ قوللانغان تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش تەدبىرلىرىنى قوللىشى كېرەك ئىدى. ھالبۇكى، ئامېرىكا ئاتالمىش كىشىلىك ھوقۇق نامى بىلەن جۇڭگونىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش تىرىشچانلىقىغا يامان غەرەزدە ھۇجۇم قىلىپ، شىنجاڭنىڭ مۇقىم، تەرەققىي قىلىۋاتقان ئىنتايىن ياخشى ۋەزىيىتىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا ئۇرۇندى. بۇ، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش مەسىلىسىدە تىپىك قوش ئۆلچەم قوللانغانلىق.

شىنجاڭنىڭ ئىشى جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشى، ھەرقانداق تاشقى كۈچنىڭ ئارىلىشىش ھوقۇقى يوق. جۇڭگو تەرەپنىڭ دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى، خەۋپسىزلىكى، تەرەققىيات مەنپەئەتىنى قوغداش ئىرادىسى قەتئىي تەۋرەنمەيدۇ. بىز ئامېرىكا تەرەپنى جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا ئارىلىشىشنى دەرھال توختىتىشقا، جۇڭگو - ئامېرىكا مۇناسىۋىتىگە ئېغىر زىيان يەتكۈزىدىغان خاتا ئۇسۇللارنى توختىتىشقا دەۋەت قىلىمىز.

مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش تاشقى ئىشلار كومىتېتى

(بېشى 1 - بەتتە)

ئاتالمىش «2020 - يىل ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق سىياسىتى قانۇن لايىھەسى»نى ئىمزالاپ قانۇنغا ئايلاندۇرۇۋالدى. بۇ، جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا ئېغىر دەرىجىدە ئارىلاشقانلىق، خەلقئارا قانۇن ۋە خەلقئارا مۇناسىۋەت ئاساسىي مىزانىنى قوپاللىق بىلەن دەپسەندە قىلغانلىق. بىز بۇنىڭغا قارىتا كۈچلۈك غەزەپلىنىدىغانلىقىمىز ۋە قەتئىي قارشى تۇرىدىغانلىقىمىزنى بىلدۈرىمىز.

جۇڭگو، ئامېرىكا ئىككى دۆلەتنىڭ ھەممىسى تېررورىزمنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغۇچىلاردۇر، تېررورىزم ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ ئورتاق دۈشمىنى. تېررورىزمغا زەربە بېرىش، ئەسەبىي ئىدىيەنىڭ سىڭىپ كىرىشى، يامرىشىنى توسۇش جۇڭگو، ئامېرىكا ئىككى دۆلەتنىڭ ئورتاق مەسئۇلىيىتى. شىنجاڭدا كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە مەركىزى تەسىس قىلىنىپ، كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە خىزمىتى ئېلىپ بېرىلىپ، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش كۈرىشى قانۇن بويىچە قانات يايدۇرۇلۇپ، تېررورلۇق پائالىيەتلىرىنىڭ كۆپ يۈز بېرىش، ئۆزلۈكسىز يۈز بېرىش ۋەزىيىتى ئۈنۈملۈك توسۇلۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتلىق ھوقۇقى، ياشاش ھوقۇقى ۋە تەرەققىيات ھوقۇقى كاپالەتلەندۈرۈلۈپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ ئومۇميۈزلۈك قوللىشى ۋە خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشىپ، خەلقئارا تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ئىشلىرى ئۈچۈن مۇھىم تۆھپە قوشۇلدى. ئامېرىكا جۇڭگو بىلەن بىللە تۇرۇپ، تېررورىزمغا ئورتاق زەربە بېرىشى كېرەك ئىدى، ئەمما ئامېرىكا ئاتالمىش كىشىلىك ھوقۇق نامى بىلەن، جۇڭگونىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش تىرىشچانلىقىغا زەھەرخەندىلىك بىلەن ھۇجۇم قىلىپ، تېررورچى كۈچلەرگە ئېغىر خاتا سىگنال بەردى، بىز بۇنىڭغا قەتئىي قارشى تۇرىمىز.

ھازىر، شىنجاڭدا جەمئىيەت ئىناق، مۇقىم بولۇپ، ئىقتىساد سەجىل تەرەققىي قىلىپ، خەلق خاتىرجەم ياشاپ، تارىختىكى ئەڭ ياخشى گۈللىنىش، تەرەققىي قىلىش مەزگىلىدە تۇرماقتا. شىنجاڭ زوراۋانلىق، تېررورلۇق جىنايەتلىرىگە قانۇن بويىچە قاتتىق زەربە بېرىش بىلەن بىللە، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئوخشاش ھوقۇق - مەنپەئەتتىن بەھرىمەن بولۇشى، ئوخشاش مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ نورمال دىنىي ئېھتىياجىغا قانۇن بويىچە كاپالەتلىك قىلدى، دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان ئاممىنىڭ ئۆرپ - ئادىتىگە ھۆرمەت قىلدى. ئامېرىكا كىشىلىك ھوقۇقنى قوغداشنى دەستەك قىلىپ، زوراۋان، تېررورچى كۈچلەرگە يول قويۇپ، مەدەت بېرىپ، بۇنى جۇڭگو تەرەپكە بېسىم ئىشلىتىدىغان قورال قىلىپ، شىنجاڭنىڭ گۈللىنىشى، مۇقىملىقىغا خەۋپ يەتكۈزۈشكە، جۇڭگونىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا، جۇڭگونىڭ تەرەققىي قىلىپ زورىيىشىنى توسۇشقا ئۇرۇندى. بۇ، تامامەن چوتنى خاتا سوققانلىق، ھېساباتنى خاتا قىلغانلىق. جۇڭگو خەلقى ئالۋاستىدىن قورقمايدۇ، يامانىدىن قورقمايدۇ. ھەرقانداق سىرتتىن كەلگەن بېسىم پەقەتلا پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تېخىمۇ زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، تېررورىزمغا داۋاملىق كۈچلۈك زەربە بېرىپ، قەتئىي تەۋرەنمەي شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى قوغدىشىغا تۈرتكە بولىدۇ. جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش مۇساپىسىنىڭ تارىخ چاقى توختاۋسىز ئالغا ئىلگىرىلەيدۇ، ھەرقانداق كۈچ ئۇنى توسۇپ قالالمايدۇ.

دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقى

(بېشى 1 - بەتتە)

جۇڭگو شىنجاڭنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىغا قەستەن داغ تەگكۈزۈپ، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش سىياسىتىگە زەھەرخەندىلىك بىلەن ھۇجۇم قىلىپ، خەلقئارا قانۇن ۋە خەلقئارا مۇناسىۋەت ئاساسىي مىزانىنى ئاشكارا دەپسەندە قىلىپ، جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا قوپاللىق بىلەن ئارىلاشتى. جۇڭگو ھۆكۈمىتى ۋە خەلقى بۇنىڭغا كۈچلۈك غەزەپلىنىدىغانلىقى ۋە قەتئىي قارشى تۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

شىنجاڭغا ئالاقىدار مەسىلە ھەرگىزمۇ قانداقتۇر كىشىلىك ھوقۇق، مىللەت، دىن مەسىلىسى ئەمەس، بەلكى زوراۋانلىق، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش مەسىلىسى. شىنجاڭ ئىلگىرى ئەسەبىزم، زوراۋانلىق، تېررورلۇق، بۆلگۈنچىلىك پائالىيەتلىرىنىڭ زىيانكەشلىكىگە چوڭقۇر ئۇچرىغان، خەلقنىڭ ھاياتى ۋە مال - مۈلۈك بىخەتەرلىكى ئېغىر تەھدىتكە ئۇچرىغان. شىنجاڭنىڭ ھادىسىدىنمۇ، ماھىيىتىنىمۇ تۈزەشتە چىڭ تۇرۇپ، زەربە بېرىش بىلەن ئالدىنى ئېلىشنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈپ، قوللانغان بىريۈرۈش تەدبىرلىرى جۇڭگونىڭ قانۇنغا ئۇيغۇن بولۇپلا قالماي، يەنە جۇڭگونىڭ خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش تەشەببۇسىنى ئەمەلىيلەشتۈرگەنلىكى، جۈملىدىن «بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ يەرشارىۋى تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ئىستراتېگىيەسى» ۋە «زوراۋانلىق، ئەسەبىزمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ھەرىكەت پىلانى»نى ئەمەلىيلەشتۈرگەنلىكىنىڭ كونكرېت قەدەم - باسقۇچى ۋە ئىپادىسى.

شىنجاڭ قانات يايدۇرغان تۈرلۈك خىزمەتلەر زوراۋانلىق، تېررورلۇق پائالىيەتلىرى كۆپ يۈز بېرىش، ئۆزلۈكسىز يۈز بېرىش ۋەزىيىتىنى ئۈنۈملۈك توسۇپ، دۆلەتنىڭ بىرلىكى، خەۋپسىزلىكىنى ئەڭ زور دەرىجىدە قوغدىدى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھاياتلىق ھوقۇقى، ساغلاملىق ھوقۇقى، تەرەققىيات ھوقۇقى قاتارلىق ئاساسىي ھوقۇق - مەنپەئەتىنى كاپالەتلەندۈردى. ئۆتكەن ئۈچ يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، شىنجاڭدا بىر قېتىممۇ زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلوسى يۈز بەرمىدى، مىللەتلەر باراۋەر، ئىتتىپاق بولدى، دىنلار ئېجىل - رايىش بولدى، خەلقنىڭ تۇرمۇشى تىنچ، خاتىرجەم بولدى. خەلقئارا جەمئىيەت جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش سىياسىتىگە ئومۇميۈزلۈك ئىجابىي باھا بەردى.

تېررورىزم، ئەسەبىزم ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ ئورتاق دۈشمىنى، ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش تىرىشچانلىقىنى ئوخشاش بولمىغان سىزغۇچ بىلەن ئۆلچەمەسلىك كېرەك، بولۇپمۇ خەلقئارا ئەخلاق ۋە ھەققانىيلىققا، ئىنسانىي ۋىجدانغا خىلاپلىق قىلىپ قەستەن بۇرمىلىماسلىق كېرەك. ئامېرىكا تەرەپنىڭ يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئاتالمىش قانۇن لايىھەسى پاكىتقا كۆز يۇمۇپ، ھەق - ناھەقنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىپ، شىنجاڭنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش تەدبىرلىرىنىڭ نامىنى بۇلغاشقا ئۇرۇنۇپ، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش مەسىلىسىدە ئوچۇق - ئاشكارا قوش ئۆلچەم قوللىنىپ، ئامېرىكا تەرەپنىڭ جۇڭگونىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى، خەۋپسىزلىكىگە زىيان يەتكۈزۈش، جۇڭگونىڭ مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە بۆلگۈنچىلىك سېلىش، شىنجاڭنىڭ گۈللىنىشى، مۇقىملىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش، جۇڭگونىڭ تەرەققىي قىلىپ زورىيىشىنى توسۇشتەك رەزىل نىيىتىنى يەنىمۇ ئاشكارىلىدى.

بىز ئامېرىكا تەرەپنى كەسكىن ئاگاھلاندۇرىمىزكى: شىنجاڭنىڭ ئىشى پۈتۈنلەي جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشى، ھەرقانداق چەت ئەلنىڭ ئارىلىشىشىغا يول قويۇلمايدۇ. جۇڭگو ھۆكۈمىتى ۋە خەلقىنىڭ دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى، خەۋپسىزلىكى، تەرەققىيات مەنپەئەتىنى قوغداش ئىرادىسى قەتئىي تەۋرەنمەيدۇ. بىز ئامېرىكا تەرەپنى خاتالىقنى دەرھال تۈزىتىپ، يۇقىرىقى شىنجاڭغا ئالاقىدار قانۇن لايىھەسىدىن پايدىلىنىپ جۇڭگونىڭ مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزۈش، جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا ئارىلىشىشنى توختىتىشقا يەنە بىر قېتىم دەۋەت قىلىمىز. ئۇنداق بولمىغاندا، جۇڭگو تەرەپ چوقۇم كەسكىن قارشى تەدبىر قوللىنىدۇ، بۇنىڭدىن كېلىپ چىققان بارلىق ئاقىۋىتىنى جەزمەن ئامېرىكا تەرەپ تولۇق ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك.